# چوڭ قەدەم بىلەن ئەبەدىي ئەمىنلىككە يۈرۈش قىلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

—— ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «شىنجاڭدىكى مەسىلىلەر ئىچىدە كەلگۈسىگە ئەڭ مۇناسىۋەتلىك بولغىنى يەنىلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى.» «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىمىزنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىمىز كېرەك».

«بىر ئائىلە كىشىلىرى بولمىسىمۇ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدىنمۇ يېقىن ئۆتۈش.» 2017 - يىلىدىن باشلاپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ناملىق پويىزنىڭ قاتنىشىغا ئەگىشىپ، قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇش يولىدا ماڭغان كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 1 مىليون 120 مىڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي قاتلامدىكى 1 مىليون 690 مىڭ ئائىلىلىك ھەر مىللەت ئامما بىلەن قانداشلىقتىن ھالقىغان تۇغقان بولدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا پورەكلەپ ئېچىلدى.

يەر جەنۇب - شىمال دەپ ئايرىلمىدى، ئادەملەر يىراق - يېقىن دەپ قارالمىدى، شىنجاڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى تەربىيەسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئارىلىشىپ ياشايدىغان جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مەھەللە مۇھىتى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مەكتەپ تەربىيەسى، ئائىلە تەربىيەسى، جەمئىيەت تەربىيەسىگە سىڭدۈردى، ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈرلەر كىچىكىدىن باشلاپ بىللە ئوينايدىغان، بىللە ئوقۇيدىغان، بىللە ئۆسۈپ يېتىلىدىغان بولدى.

شىنجاڭدىكى بارغانسېرى كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت ئامما شەرقىي، ئوتتۇرا قىسىمدىكى شەھەرلەردە ئوقۇش پۈتتۈزدى، سودا بىلەن شۇغۇللاندى، ئىشقا ئورۇنلاشتى، ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈردى. ھەر مىللەت خەلق ئورتاق ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە خىزمەت، ئۆگىنىش جەريانىدا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھېسسىياتنى كۈچەيتىپ، ئالماشتۇرۇپ، ئارىلىشىپ، يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ يارقىن مەنزىرىسىنى سىزىپ چىقتى.

## ئىسلاھات - تەرەققىياتتا يەنە رەڭدار سەھىپە پۈتۈش

### خەلق تۇرمۇشىغا ئومۇمىيۈزلۈك نەپ يەتكۈزۈپ، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشتىن ئورتاق بەھرىلىنىش

مەركەزنىڭ 2 - قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز تەرەققىياتىغا قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرتكە بولۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەرەققىياتنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەرلىككە نەپ يەتكۈزۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىغا پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ بېكىتىلدى.

بەش يىلدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلىدى. 2018 - يىلى، شىنجاڭ 1 تىرىليون 200 مىليارد يۈەنلىك رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇردى.

بەش يىلدا، شىنجاڭنىڭ تەمىنلەش تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. تۈركۈم - تۈركۈم قاتناش، ئېنېرگىيە، خەۋەرلىشىش ئۇل ئەسلىھە نۇقتىلىق تۈرلىرى تېز ئالغا سىلجىتىلدى، مالىيە - باج، پۇل مۇئامىلە، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق ساھەلەردىكى بىر قاتار ئىسلاھاتلاردا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

بەش يىلدا، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى سىجىل ئالغا سىلجىتىلدى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان زامانىۋى مەكتەپ، دوختۇرخانا، زاۋۇتلار ئارقا - ئارقىدىن قەد كۆتۈردى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ غەمخورلۇقى مۇجەسسەملەنگەن تۈركۈم - تۈركۈم خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشلىرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قۇرۇلۇشلىرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تېز سۈرئەتلىك يولغا قەدەم قويدى.

بەش يىلدا، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ ئىسلاھاتى پۈختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىلدى، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، بىڭتۈەن تۈزۈلمىسىنىڭ ئالاھىدە ئەۋزەللىكى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچى تولۇق قويۇپ بېرىلىپ، مۇقىملاشتۇرغۇچلۇق، چوڭ پېچلىق، ئۈلگە كۆرسىتىش رايونلۇق رولى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى.

پامىر ئېگىزلىكىدىكى كىگىز ئۆيلەردىن تەكلىماكان قۇملۇقى بويىدىكى دېھقانلارنىڭ ھويلا - ئارانلىرىغىچە، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان زور بىر تۈركۈم خەلق تۇرمۇشىدىكى قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىندى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ئىناق، بەختلىك يېڭى مەنزىرە نامايان بولدى.

خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇلدى. بەش يىلدىن بۇيان شىنجاڭ ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت چىقىمىنىڭ 70%تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىپ، تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل ئالغا سىلجىتتى، تەرەققىيات نەتىجىلىرى ھەر مىللەت ئاممىغا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل نەپ يەتكۈزدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئالغا سىلجىتىلدى. 2014 - يىلىدىن 2018 - يىلىغىچە، شىنجاڭ جەمئىي 2 مىليون 314 مىڭ 700 كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2013 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 19.4%تىن 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 6.1%كە تۆۋەنلىدى.

ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرى كېڭەيتىلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر - بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەرنى 24 سائەت ئىچىدە ھەرىكەتچان نۆللەشتۈرۈش باشتىن - ئاخىر ساقلىنىپ، ئاز دېگەندە بىر كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. مەركەزلىك تۇتاش كەتكەن ئېغىر نامرات رايون بولغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا ئۈچ يىلدا 100 مىڭ كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى يولغا قويۇلدى. 2016 - يىلىدىن 2018 - يىلىغىچە، شىنجاڭ شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن جەمئىي 1 مىليون 400 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قېتىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى، يېزىلاردا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى جەمئىي 8 مىليون 305 مىڭ ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

مائارىپ سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. مائارىپنى ئالدىن راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئوقۇشتىن قېلىشنى تىزگىنلەپ، ئوقۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا ئوقۇش يېشىغا توشمىغانلارنىڭ ئۈچ يىللىق يەسلىگە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى 96.9%كە، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپنىڭ مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 94.2%كە يەتتى.

داۋالىنىش كاپالىتى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش، ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاش ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنى 15 خىل ئېغىر كېسەلنى مەركەزلىك داۋالاپ قۇتقۇزۇش ۋە سوزۇلما كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارغا كېلىشىم ئىمزالاپ مۇلازىمەت قىلىش بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، شەھەر، يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت ئۆلچىمى سىجىل ئۆستۈرۈلدى.

بەش يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ تۇپرىقىدا ھەر مىللەت ئامما خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال - خۇرام ئىشلىدى، چېھرىدە تەبەسسۇم تېخىمۇ جىلۋىلەندى، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگۈچىلەرنىڭ قەدىمى قەتئىي، كۈچلۈك بولۇپ، تېخىمۇ كەڭ نەزەر دائىرىسى ۋە كۆڭلى - كۆكسى بىلەن دۇنياغا سىڭىپ كىرىپ، كەلگۈسىگە قۇچاق ئاچتى.

شىنجاڭدىكى قورغاس پورتىدا، قاتار - قاتار جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرى غۇيۇلداپ مېڭىپ، ياۋروپا - ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا يۈرۈپ كەتتى. 2018 - يىللا، قورغاس پورتىدا چېگرادىن كىرىپ - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 2055 كە يەتتى. بۇ سان - سىپىرلارنىڭ ئارقىدىكىسى «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ يادرولۇق رايونى بولغان شىنجاڭنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچى ئىدى.

### ئاساسىي قاتلامنى مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش

### كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش

بەش يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئۇل سېلىشنى شىنجاڭنى مۇقىم، ئەمىن قىلىشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان ۋە ئاساسىي پۇختىلاش تەدبىرى قىلىپ، تىرىشىپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان، مۇقىملىقنى قوغدايدىغان، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان كۈچلۈك جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، پارتىيە بايرىقىنى ھەربىر ئاساسىي قاتلام بازىسىدا ئېگىز جەۋلان قىلدۇردى.

قەلب ۋە كۈچ مۇجەسسەملىنىپ، چىن نىيەتتە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىندى. شىنجاڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، ھەر يىلى 70مىڭدىن ئارتۇق كادىرنى تاللاپ، 10مىڭدىن ئارتۇق خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ، يېزا، كەنت، مەھەللىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈش، ھەر مىللەت ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈشكە ئەۋەتتى، ھەر دەرىجىلىك كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى دىققىتىنى ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش تۈرىدىن 39 مىڭدىن ئارتۇقنى يولغا قويۇپ، ئامما ئۈچۈن 3 مىليون 880مىڭدىن ئارتۇق ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بەردى.

مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، نەتىجە يارىتىش تېخىمۇ گەۋدىلەندى. شىنجاڭ زور كۈچ بىلەن ھاكىم، باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى ئېغىر نامرات كەنتلەرنىڭ 1 - شۇجىسىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، يېتەكلەشكە تاللاپ ئەۋەتتى.

كادىرلار ئىستىلى سىجىل ياخشىلاندى. ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇساپىسىدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا، پارتىيەلىك كادىرلار سەپىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئاۋانگارتلىق رولىنى، ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى ھەقىقىي نامايان قىلدى.

ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىرتۇتاش پىلانلىنىپ كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇلدى. دائىملاشتۇرۇلغان، ئۇزاق ئۈنۈملۈكلەشتۈرۈلگەن تەرتىپكە سېلىش خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىلدى، بەش يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى 18 مىڭغا يېقىن كۆپىيىپ، كۆپىيىش نىسبىتى 24% بولدى، ئامما بولغانلىكى جايدا، پارتىيە ئەزاسى بولغانلىكى جايدا پارتىيە تەشكىلاتى، پارتىيە خىزمىتى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

قىپقىزىل پارتىيە بايراقلىرى جاي - جايلاردا جەۋلان قىلدى، مۇستەھكەم، كۈچلۈك قورغانلار ھەممە يەردە بەرپا قىلىندى.

تۈن نىسپىدە، شىنجاڭ يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىر جاڭ پىڭ تېلېفوننىڭ سايرىغان ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى، كەنت ئاھالىسى جاپپارگۈل سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە ئالدىرىغاچقا، بەزى رەسمىيەتلەرنى تولۇقلاپ بېجىرمەكچى ئىدى. «مەن كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ئىشخانىسىدا تۇرۇۋاتىمەن، قاچان كەلسىڭىز، شۇ چاغدا بېجىرىپ بېرىمەن.» ھەر دەرىجىلىك كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى ئىسلاھات - تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ بىرىنچى سېپىدە، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى چىڭىتتى.

ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى. نامراتلىقنى يىلتىزىدىن يوقىتىش، مەكتەپ قۇرۇش، داۋالاش ۋە دورا يەتكۈزۈش، يول - كۆۋرۈك ياساش... ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردىمى ۋە يېتەكلىشى ئارقىلىق، تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتى، تۈرلۈك ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرى خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

2018 - يىلى، شىنجاڭدا پۈتۈن يىللىق ساياھەتچى سانى 150 مىليون ئادەم قېتىمنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.09% ئاشتى، بۇ يىل 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن 50 مىليون ئادەم قېتىمغا يېقىن ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 51.4% ئېشىپ، «شىددەت بىلەن» ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلۈپ، كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى ساندا تارىختىكى يېڭى رېكورت يارىتىلدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، قاينام - تاشقىنلىق شىنجاڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ كۈچەيدى، بۇ، شىنجاڭدا مۇقىملىق ئېلىپ كەلگەن پايدىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلگەنلىكىنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتى بولۇپ، يەنە شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش ئىشەنچىسىنى نامايان قىلدى.

بۈگۈنكى شىنجاڭدا، ھەر مىللەت ئامما تېخىمۇ مۇستەھكەم ئىرادە، تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشقان كۈچ، تېخىمۇ پۇختا قەدەم بىلەن، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش مۇساپىسىدە داۋاملىق مەردانە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى)

# شى جىنپىڭ «مۇشۇكئېيىق لوگىسى» ماقالە قوبۇل قىلىش مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ياپونىيەلىك ياشقا جاۋاب خەت يازدى

(بېشى 1 - بەتتە)

رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭداۋغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئىككى دۆلەت ياشلىرىنىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

شى جىنپىڭ خېتىدە مۇنداق دېدى: خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. سىزنىڭ ئۇزاق مەزگىل جۇڭگو تىل - يېزىقىنى ئۆگەنگەنلىكىڭىز ھەم جۇڭگو ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغانلىقىڭىزنى، ماقالە قوبۇل قىلىش مۇسابىقىسى ۋە جۇڭگودا ئېكسكۇرسىيەدە بولۇپ ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىش ئارقىلىق، جۇڭگوغا بولغان تونۇشىڭىزنى ئاشۇرغانلىقىڭىزنى، جۇڭگولۇق دوستلار بىلەن بولغان ھېسسىياتىڭىزنى چوڭقۇرلاشتۇرغانلىقىڭىزنى بىلىپ، ئىنتايىن خۇش بولدۇم.

شى جىنپىڭ خېتىدە مۇنداق دېدى: جۇڭگو - ياپونىيە بىرلا سۇ ئايرىپ تۇرىدىغان يېقىن قوشنىلار، ئىككى دۆلەت دوستلۇقىنىڭ يىلتىزى ئەل ئىچىدە، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى دوستلۇقىنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى ياش ئەۋلادلاردا. جۇڭگو - ياپونىيە ئىككى دۆلەت ياشلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇش - ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەبەدىي دوستلۇقنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. سىزنىڭ جۇڭگو - ياپونىيە دوستلۇق ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇڭداۋ دادى داشۆدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە جۇڭگو تىل - يېزىقىنى ئۆگەنگەن، جۇڭگو ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغان بولۇپ، ئىلگىرى جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ماقالە قوبۇل قىلىش مۇسابىقىلىرىگە كۆپ قېتىم قاتناشقان ھەم جۇڭگونى ئېكسكۇرسىيە قىلغان.

# ئەسلىي مەقسەت - بۇرچنى ئۇنتۇماي، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە قىلىنغان قايتا سەپەرۋەرلىك، قايتا ئورۇنلاشتۇرما بولۇپ، ماركسىزملىق سىياسىي پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يەنە بىر پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۈكسەك ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى ئارقىلىق، باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئەسلىي مەقسەت - بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ بەختىنى كۆزلەش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللىنىشىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى باشتىن - ئاخىر چىڭ ساقلاپ، ئىنقىلابىي ئىرادىنى مەڭگۈ ساقلاپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي، پائال ئىلگىرىلەپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، قىيىنچىلىقتىن قورقماي ئىلگىرىلەش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەنىۋى كالتسىينى يېتەرلىك تولۇقلاپ، ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، ئىدىيەدىن ئىبارەت بۇ رولنى چىڭ تۇتۇپ، سىياسىي مەنزىل، ئىدىيە مەنزىلى، ئەخلاق مەنزىلىنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈپ، سىياسىي خىسلەتنى مەڭگۈ ساقلاش كېرەك. باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىپ، پارتىيەنىڭ غېمىنى يېيىش نىيىتى، پارتىيەنى ئويلاش مەسئۇلىيىتى، پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسىنى دائىم كۆڭلىگە پۈكۈپ، «تۆت چوڭ سىناق» «تۆت خىل خەۋپ»نى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇماي، سەككىز جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە بىۋاستە يۈزلىنىپ، «تۆتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش»تە چىڭ تۇرۇپ، پېچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، مەسىلىلەرگە ئاڭلىق توغرا قاراپ، ھەقىقىي، ئەمەلىي ھەل قىلىش، سىياسىي چاڭ - توزانلارنى تازىلاپ، ئىممۇنىتېت كۈچىنى كۈچەيتىش، خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى مەڭگۈ ساقلاش كېرەك. ياخشى ئۈلگە، نەمۇنە بولۇش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە ئۈلگە بولۇش، ئۆزى ئۈلگە بولۇش، باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىشتە، ئالدىن ئۆگىنىش - ئالدىن ئۆزگەرتىش، ئەمەلىي - ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا ئۈلگە تىكلەپ بېرىشى، نەمۇنە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىلىرى ۋە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: تىپلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تىپلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش داۋامىدا ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، جاسارەتلىك - يارامىلىق بولۇپ، تۆھپە قوشۇپ ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، تىرىشىپ ئەمەلىيەت، خەلق، تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئەمەلىي نەتىجىلەرنى يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلارمۇ تەتقىق قىلىندى.